# ئاللاھ ھاراقنى چەكلەپ ئايەت نازىل قىلغان ۋاقىتتا مەدىنىدە خورما ئىچىملىكىدىن باشقا ئىچىملىك يوق ئىدى

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئاللاھ ھاراقنى چەكلەپ ئايەت نازىل قىلغان ۋاقىتتا مەدىنىدە خورما ئىچىملىكىدىن باشقا ئىچىملىك يوق ئىدى» دېگەن

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

بۇ ھەدىستە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئاللاھ ھاراقنى چەكلەپ ئايەت نازىل قىلغان ۋاقىتتا مەدىنىدە خورمىدىن باشقا نەرسىدە ياسالغان ئىچىملىك يوق ئىكەنلىكىنى، ھاراقنىڭ چەكلىنىشىدىكى بىردىن-بىر سەۋەپ ھاراق ياسالغان ماددىغا قاراش ئەمەس بەلكى مەست قىلىش خۇسۇسىيىتى ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/58258